100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇسابىقە ئاتلىنىش

7 - ئىيۇل ۋەقەسى: جۇڭگودىكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**
جيا چىلۇڭ، ياڭ رۇ، خەن سۇگېيۇ

ۋەنپىڭ شەھىرى بېيجىڭ فېڭتەي رايونىدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، گەرچە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، شەھەر سېپىلى يەنىلا مىچچىدە ئوق ئىزلىرى ۋە بومبا ئورەكلىرى بىلەن تولغاندى.

بۇ قەدىمىي شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن ئىزلار 80 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ تۈن قاراڭغۇسىدا يۈزبەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ گۇۋاھچىسى: 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياپونىيە ئارمىيەسى بىر ئەسكىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۆكتەملىك بىلەن لۇگوچياۋ كۆۋرۈكى ۋە ۋەنپىڭ شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ياپونىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى پارتلىدى.

شىددەتلىك مىلتىق ۋە زەمبىرەك ئاۋازى ۋەنپىڭ شەھىرىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرەش ئىرادىسىنى ئويغاتتى.

«7 - ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ پارتلىشى ياپونىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگودىكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇكى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى» دېدى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى لى چېڭخۇي.

بېيپىڭ - تيەنجىن خەۋپ ئاستىدا قالدى! خۇابېي خەۋپ ئاستىدا قالدى! جۇڭخۇا مىللىتى خەۋپ ئاستىدا قالدى! دۆلەت مۇنقەرز بولىدىغان، مىللەت مۇنقەرز بولىدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن كرىزىس ئالدىدا، 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون ئارمىيەسىنىڭ لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: پۈتۈن جۇڭگودىكى قېرىنداشلار، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي بىرلىك سەپنىڭ مۇستەھكەم سېپىلىنى قۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرايلى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پائال تۈرتكىسىدە، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقى ئاساس قىلىنغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ رەسمىي شەكىللەندى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھاياتلىق يولى ئىزدەش جۇڭگودىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى سىنىپلار، ھەرقايسى قاتلاملار، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ھەممىدە دۆلەتنىڭ سىرتىدىكى خۇاچياۋ، خۇارېنلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشتىكى تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ، مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ ئاساسلىق ئۈچ سەۋەبى بار: بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولدى؛ ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش فاڭجېنىنى ۋە بىر يۈرۈش ئۇرۇش قىلىش فاڭجېنى، پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ئەينى چاغدا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ نەزەرىيە يېتەكچىسى، شۇنداقلا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولدى؛ ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە كەڭ ئۇرۇش مەيدانى ئېچىپ، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا، سەنشى - چاخار - خېبېي قاتارلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى 19 ئاساسلىق تايانچ بازا قۇردى» دېدى لى چېڭخۇي.

ياڭ جىڭيۈ پاختا تالاسىنى يەپ، دەرەخ قوۋزىقىنى غاجاپ، قەيسەرلىك بىلەن قۇربان بولغانغا قەدەر قانلىق جەڭ قىلدى؛ جاۋ يىمەن دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلاردىن قورقماي، مەردانىلەرچە قۇربان بولدى؛ شەرقىي شىمال ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ سەككىز ئايال جەڭچىسى دەرياغا سەكرەشكە، لاڭياشەن تېغىدىكى بەش قەھرىمان قىيادىن سەكرەشكە رازى بولىدىكى، دۈشمەنگە باش ئەگمىدى... قەھرىمانلارنىڭ بۇ قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرىگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەنگەن.

تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىنىڭ دەپسەندە قىلىشى ئالدىدا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى - شىمالىدا، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتىدا، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى دۈشمەننىڭ توپ ئوقىغا قارىماي، توختىماي ئالغا بېسىپ، دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە بىردەك ئاتلاندى، مىليونلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېر - جەڭچىلەر قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىدى. خۇاشيا جىيۇجوۋنىڭ ھەممىلا يېرى «ئانىنىڭ ئوغلىنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىش، خوتۇنىنىڭ ئېرىنى جەڭ مەيدانىغا ئۇزىتىش»تەك تەسىرلىك مەنزىرە بىلەن تولدى؛ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا، باشقا دۆلەتتىكى ياقا - يۇرتلاردا خۇاچياۋ، خۇارېنلارنىڭ «چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىمىز، ھالاكەت گىرداۋىدىن قۇتۇلدۇرىمىز، ئارقا تىرەك بولىمىز» دەيدىغان ئاكتىپ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولدى...

«لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىدىكى زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇرغىسى بولدى، پۈتكۈل جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان غەزەپ ئوتلىرىغا تولدى. تاغنى تالقان قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بۇ كۈچ ئېغىر ئۇيقۇدىكى مىللەتنىڭ روھىنى ئويغاتتى» دېدى لى چېڭخۇي.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۇرۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى تارقاپ كەتتى، «قىلىچ بىلەن ئالۋاستىلارنىڭ كاللىسىنى ئالايلى» دېگەن مەردانە سادا خۇاشيا زېمىنىدا ھېلىھەم ياڭراپ تۇرماقتا. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى مەيدانىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئويغىنىشىغا سىمۋول قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ھەيكەل «لۇگوچياۋدىكى ئويغانغان شىر» ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)

ئۈچ چوڭ جەڭ: ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك ھەل قىلغۇچ جەڭ

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**
لى بىڭفېڭ، گاۋ يۈجياۋ، جاۋ ۋەنشۇ

يۈەنشياۋ بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، شىبەيپو قويۇق بايرام كەيپىياتىغا تولدى.

ھەيۋەتلىك تەيخاڭشەن تېغى، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان خۇتوخې دەرياسى. خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ شەھىرى پىڭشەن ناھىيەسىدىكى بۇ تاغلىق كەنت پۈتۈن مەملىكەتكە داڭلىق ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي.

70 نەچچە يىل ئىلگىرى، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلغان بۇ «ئەڭ ئاخىرقى يېزا قوماندانلىق ئورنى»دا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلغان.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما، بۇ تارىخ مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىپ قالدى: 1948 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، لياۋشېن جېڭى باشلاندى؛ ئىككى ئايدىن كېيىنكى 1948 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، خۇەيخەي جېڭى رەسمىي باشلاندى؛ 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، پىڭجىن جېڭى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. 142 كۈن داۋاملاشقان ئۈچ چوڭ جەڭدە گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ جەمئىي 1 مىليون 540 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى.

«ئۈچ چوڭ جەڭ جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ئىستراتېگىيەلىك چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ.» ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى گو فاڭ مۇنداق دېدى: «دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىستراتېگىيەلىك ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى تارىخىدىكى شانلىق ئابىدە، شۇنداقلا ئۇ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە غەلىبە قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالدى».

2019 - يىلى 10 - ئايدا، لياۋشېن جېڭى خاتىرە سارىيى ئالاھىدە ئېكسكۇرسىيەچى جاڭ گۈيىننى كۈتۈۋالدى. بۇ پېشقەدەم قەھرىمان ئىنقىلابىي قۇربانلار تىزىملىكى تېمىدىكى سەپداشلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يېنىك سىلىغىنىچە بوش ئاۋازدا: «سەپداشلار، ئاخىر سىلەر بىلەن يەنە كۆرۈشتۇم، دۆلىتىمىز قۇدرەت تاپتى، ھازىر ئۇرۇش قىلمىساقمۇ بولىدىغان بولدى» دېدى.

1948 - يىلىنىڭ بېشىدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان جاڭ گۈيىن ئەينى چاغدا شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى 4 - زوڭدۈينىڭ جەڭچىسى بولۇپ، لياۋشېن جېڭىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان تاشەن تېغىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

«بىز بازىنى جان تىكىپ چىڭ ساقلايمىز، ھەتتا بىر ئادەم قالغان تەقدىردىمۇ، چېكىنمەيمىز دەپ قەسەم قىلغان ئىدۇق.» جاڭ گۈيىن قورال تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىراۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ھەيكىلىگە قارىغىنىدا، كۆزلىرى ياشتىن خىرەلەشتى.

جاڭ گۈيىن بىلەن سەپداشلىرى جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ چوقۇم غەلىبە قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بېرىشتەك جەڭگىۋار روھنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئارقا - ئارقىدىن قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ جىنجوۋغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن قىسمىنى تاشەن تېغىدا توسۇپ، پۈتكۈل جەڭنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئۇ شۇ قېتىم شەرەپ بىلەن چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

تاشەن تېغىدىكى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى پەقەت بىر ئىنچام كارتىنىدىن ئىبارەت. ئۈچ چوڭ جەڭدە، سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە نۇرغۇن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى ئۈزۈل - كېسىل پارچىلاپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە غەلىبە قىلىش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

ئاۋۋال باشلانغان لياۋشېن جېڭى جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيانقى دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز، دۈشمەننىڭ قوراللىرى سەر خىل، بىزنىڭ قوراللىرىمىز ناچار بولۇشتەك ئاساسىي ھالەتنى ئۆزگەرتتى؛ خۇەيخەي جېڭى ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭىشتەك شانلىق تارىخنى ياراتتى؛ پىڭجىن جېڭىنىڭ غەلىبىسى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ بېيجىڭنى پايتەخت قىلىشى ئۈچۈن يول سالدى.

ئىس - تۈتەك يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇرغىنىڭ ئەكس ساداسى يەنىلا ياڭراپ تۇرىدۇ. تيەنجىن شەھىرىنىڭ بېيچېن رايونىدىكى بىر دېھقان ھويلىسىدا، 96 ياشلىق ياڭ شۇبەي پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ شاد - خۇراملىققا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر تارتۇقتا جەڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئىزناسى بار.

ياڭ شۇبەي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، پىڭجىن ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەيلى قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن باشتىن - ئاخىر شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىز چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.» كېيىن، ئۇ چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆزى يالغۇز ئېگىزلىكنى ساقلاپ، ئۆزى يالغۇز كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، شەرەپ بىلەن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئەينى يىلى، شەرقىي قىسىم جەڭ رايونى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 73 - جىتۇەنجۈن مەلۇم لۈيىنىڭ «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەش قىزىل 4 - ليەن»ى ئەسلىدە تۇرۇشلۇق قىسىم خۇەيخەي ئۇرۇشىدا قېرىنداش قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئاساسىي ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار باتۇر، قەيسەر، تەڭداشسىز بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇش قەھرىمانلىرى مەيدانغا كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھات ئارقىلىق ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ مەزمۇت قەدىمىدە، ئۇلار «تۆمۈر تاپان»دىن «پولات زەنجىر تاپان»غىچە، «پولات نەيزە»دىن «يېڭى ئۇرۇش ئاپتوموبىلى»غىچە بولغان يېڭى ھالقىنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئۇرۇش ئوتىنى باشتىن كەچۈردۇق، بىز چوقۇم قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز بارغانسېرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ» دېدى «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەش قىزىل 4 - ليەن»نىڭ جىداۋيۈەنى چېن سىيۇ.

ئارمىيەنىڭ غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىشىغا خەلق يۆلەنچۈك بولدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۈچ چوڭ جەڭدە، جەمئىي 8 مىليون 800 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئەمگەكچى خەلق سەپەرۋەر قىلىنغان، خەلق ئاممىسى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن چوڭ - كىچىك ھارۋىلار 1 مىليون 410 مىڭ بولغان، نوسۇلكا 360 مىڭدىن ئاشقان... شۇ چاغدىكى خۇادۇڭ دالا ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە جېڭۋېيىسى چېن يى مۇنداق دېگەن: «خۇەيخەي جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى خەلق ئاممىسى قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ قولغا كەلتۈرگەن».

خۇەيخەي جېڭى خاتىرە سارىيىغا كىرگەندە، سىشۈي ناھىيەسىنىڭ نەمۇنىلىك ترانسپورت ئەترىتى ئاشلىق توشۇشقا ئىشلەتكەن بىر تۆھپىكار قول ھارۋىسىنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق، ئۇ خەلق ئۇرۇشىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە گۇۋاھ بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئىس - تۈتەككە تولغان جەڭگاھتا نۇرغۇن قول ھارۋىلىرىنىڭ جەڭ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغانلىقىدەك تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ تۇراتتى.

تارىخقا قايتا نەزەر سالساق، ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ زەپەر مارشى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، بىزنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

«ۋەزىنى ئېغىر بۇ شان - شەرەپ ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەم مەسئۇلىيەت.» ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن چەتنەپ كېتەلمىدى، «بۇ قېتىم مەن ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق دەۋا قانۇنى بويىچە قانۇن چىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش، ۋەيمەي يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىش، كارخانا جىنايەت ئۆتكۈزسە، قوشۇمچە شەرت بىلەن ئەيىبلىمەسلىك تۈزۈمى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا نەچچە تەكلىپ ئېلىپ كەلدىم، داۋاملىق قانۇن ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

«2020 - يىلى ئاياللارنىڭ كۈچى تولۇق نامايان بولغان بىر يىل بولدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا، كۆپچىلىك تېخىمۇ كۆپ ‹ئاياللارنىڭ كۈچى› ‹ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچى› ‹ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراستى›نى كۆردى» دېدى ئەزا گۇەن فاڭفاڭ.

بۇلتۇر، ئەزا گۇەن فاڭفاڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى 34 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، 60تىن ئارتۇق يەسلىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەدە كەسپىي مەكتەپ دوختۇرىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكى، نۇرغۇن مەكتەپ دوختۇرلۇقىنى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانلىق ئەھۋالىنى بايقىغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا «يېزىلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەكتەپ دوختۇرلىرىنى تولۇق سەپلەش، كۈچلۈك سەپلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلتۇر 11 - ئايدا، مائارىپ مىنىستىرلىقى سىياسەت تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپ دوختۇرلىرى ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كەسپىي مەكتەپ دوختۇرلىرىنى سەپلەش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب قايتۇردى.

ئاياللار توغرىسىدىكى بۇ كارتىنىلارنىڭ ئارقىسىدا، ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارغا ئاتالغان گۈزەل سىماسى بار. ئۇلار ئەۋرىشىم كۈچى بىلەن ھەرۋاقىت ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلىپ، ئىككى يىغىندىن ئىبارەت بۇ سىياسىي سەھنىدە ئاكتىپلىق بىلەن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىۋاتىدۇ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ.

مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بولىمىز

ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، بالىلارنى ئىززەتلەش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. «ياشانغانلار، بالىلار» مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر ئەزا پەن شياۋيەن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مۇھىم نۇقتا. مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا، ئۇ دائىم ياشانغانلار، ئاياللار، بالىلارنىڭ ئويلىغانلىرى، ئېھتىياجىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

ياشانغانلار پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن «بىلىم ئېلىشى تەس» بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇلتۇر، ئەزا پەن شياۋيەن ياشانغانلار داشۆسىنى مەھەللىلەردە ئېچىشنى مۇراجىئەت قىلدى، ئۇنىڭ تەكلىپى ناھايىتى تېزلا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىغا ئېرىشتى، ئارقىدىن بىر قاتار تەدبىرلەر چىقىرىلدى. بۇ يىل، ئۇ يەنە ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىنى قوزغىتىش ۋە يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئېلىپ كەلدى، «ئۆسمۈرلەر قۇدرەت تاپسا دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، مەيلى مەكتەپ مائارىپى ياكى جەمئىيەت قاتلىمىدىن بولسۇن، ھەممەيلەن ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك!» يىغىن مەيدانىدا ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ھەم قەتئىي ئىدى.

ئەزا يۈ مېينىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلىپ «سۆز قىلىش»لا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئاياللارنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىش نۇقتىسىدىن جەمئىيەتنى كۆزىتىشىدە. «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتا، ئاياللار ئالاھىدە ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك» دېدى ئەزا يۈ مېي.

يىل بويى ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىدىغان، دېھقان ئامما بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋەكىل سۈي جيۇشيۇ مۇنداق قارىدى: ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، نۇرغۇن خىزمەتلەر جەمئىيەت، خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرىغا مەركەزلەشكەن، «ئاياللار ئالاقىلىشىش، ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر، خاراكتېر جەھەتتە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە يېقىنلىشىش كۈچى تېخىمۇ ياخشى، بۇ ئەۋزەللىكلەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلسا، سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق، ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىي كەيپىيات يارىتىشقا تېخىمۇ پايدىلىق».

ئارزۇغا ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولىمىز

ھەربىر تال ئەترگۈلنى ئەركىن ھالەتتە كۈنگە قاراپ ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس. ۋەكىللەر ۋە ئەزالار ئىزچىل تىرىشىپ ئۆزگىرىشكە ئىنتىلمەكتە.

بۇ تىرىشچانلىق، ۋەكىل رىزا باغدۆلەتنىڭ زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ ھاياجانلانغان ۋاقىتتىكى ئاۋازىدا تولۇق ئىپادىلەندى. بۇ يىلقى ئىككى يىغىندا، ئۇ ئادەتتىكى خىزمەت جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلىرى ۋە ئويلىنىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەكلىپ تەييارلىدى، يەنە ئالاھىدە نۇرغۇن كەسپىي زاتنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. «نەچچە قېتىم ئۆزگەرتكىنىمنى بىلمەيمەن.» ۋەكىل رىزا باغدۆلەت مۇنداق دېدى: ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق تەكلىپ لايىھەسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قىممەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«بىز ئاياللارنىڭ قاتنىشىش كۈچىگە گۇۋاھ بولدۇق، ئاياللار توغرىسىدىكى نۇرغۇن مەدھىيەلەرنى ئاڭلىدۇق. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى ئاز بولمىغان تەپسىلاتلار بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىدە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ داۋاملىق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.» ۋەكىل فاتىمە ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

يىلدا بىر كېلىدىغان «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىدا، ئاياللارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش كېرەك، لېكىن ھۆرمەت بىلدۈرۈش پەقەت بىر ئېغىز رەھمەت ئېيتىشلا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىز ئاياللار ياراتقان قىممەتكە قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟

ئەزا دىلنار ئابلا مۇنداق قارىدى: ئاياللارغا بولغان ھەقىقىي ھۆرمەت، ئېھتىرام ۋە كۆيۈنۈش كونكرېت، ئىنچىكە بولغان ھەربىر كۈندە ئەمەلىيلىشىشى، ھەربىر دەقىقىدىكى تەپسىلاتلاردا ئەمەلىيلىشىشى كېرەك.

«پۈتكۈل جەمئىيەت ئاياللارنىڭ ساداسىغا تېخىمۇ ياخشى قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئايال قېرىنداشلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلسا، ئىشىنىمەنكى، ئۇ چاغدا ئاياللار جەزمەن يېڭى دەۋردىكى كەڭ سەھنىلەردە ئۆزىگە مەنسۇپ تېخىمۇ چىرايلىق گۈللەرنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرالايدۇ» دېدى ئەزا دىلنار ئابلا.